بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى

## 11- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بۇ ئەقىدە قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر ئارتۇق بىر نەرسە قوشۇلماستىن ياكى ئۆزىدە بار بولغان نەرسە كېمەيتىلمەستىن، ئۆزگەرتىلمەستىن ياكى بۇرمىلانماستىن، مۇجمەل بولۇپ كەتمەستىن داۋاملىشىپ ۋە ئاشكارا بولۇپ تۇرىدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (سۈرە ھىجر 9- ئايەت).

يەتتىنچى، بۇ ئەقىدە — الله قا يېقىنلىششتىكى، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىشتىكى، ئۇنىڭ ئەلەملىك ئازابىدىن قۇتۇلۇشتىكى ئەڭ كاتتا سەۋەبلەردىندۇر.

يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر ۋە ئارتۇقچىلىقلار سەلەف سالىھ (ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە) ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندۇر. بۇ ئەقىدە قايسى بىر ئورۇندا ياكى زاماندا بولمىسۇن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

مانا ئەمدى ئىلگىرىكى باياناتلارغا ئاساسەن «سەلەفىيلىك دېگەن زامان خاراكتېرلىك ئۆتكۈنچى باسقۇچتۇر، ئۇ ئىسلامىي مەزھەب ئەمەس» دېگەن سۆزلەرنىڭ يالغانلىقى ئوچۇق ھالەتتە چۈشەندۈرۈلىدۇ چۈنكى سەلەف سالىھ (ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە)نىڭ مەزھىبى ئىككى چوڭ ئاساسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئىككى چوڭ ئاساس بولسا: ياخشى ئۈلگە ۋە پەيغەمبەرگە مەنسۇپ بولغان شەرئىي مەنھەجدۇر. ئىككى چوڭ ئاساسنىڭ بىرى بولغان ياخشى ئۈلگە بولسا ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگەن پەزىلەتلىك ئۈچ ئەسىر كىشىلىرى بولغان ساھابىلەرنى، تابىئىنلارنى؛ ئۇلارغا راستچىللىق، ئىخلاس ۋە ئېھسان بىلەن ئەگەشكەن توغرا يولنىڭ بايراق كەبى ئادالەتلىك مۇجتەھىد ئىماملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككى چوڭ ئاساسنىڭ يەنە بىرى بولغان شەرئىي مەنھەج بولسا شەرەپلىك ئىككى ۋەھيىنى (قۇرئان ۋە ھەدىسنى) چۈشىنىشتە مۇبارەك ئۈچ ئەسىردىكى ئەگەشكۈچى (ئۈلگە قىلىنغۇچى) يولدۇر. يەنە ئۇ ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى تەلىم ئېلىش، ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، ئۇنى ھۆكۈم قىلدۇرۇشتىكى ئىلمىي مەنھەجدۇر.

بۇ مەنھەج — فىقھى (يەنى مۇكەللەفلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان شەرئىي ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي دەلىللىرى بىلەن بىلىش) ۋە ئىستىنبات (ئىزدىنىپ يەكۈن چىقىرىش)، ئىستىدلال (ھۆكۈم ئۈچۈن دەلىل سۈرۈشتە قىلىش)، سۈكۈت قىلىش، ئېتىقاد ئىلىملىرى، ئىمان ۋە مەسلەك قاتارلىق پارلاق شەرىئەت ئىلىملىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۇنداقتا، «سەلەفىيە» دېگەن بۇ سۆز — ئىماملارنىڭ يولى ئارقىلىق ھەق ئىسلامغا قايتىشنى ئۇقتۇرىدىغان **جامعة** (مەلۇم بىر مەنىلەرنى جەملىگۈچى)، **مانعة** (باشقا مەنىلەرگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن توسقۇچى) بولغان بىر كەلىمىدۇر ۋە ئۇ مەنھەج ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ چىرىندىلىرىدىن، ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ بىدئەتلىرىدىن يىراق بولغان ھالەتتە پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ھەق ئىسلامدۇر. ئۇنداقتا شۇنىڭدا شەك يوقكى، «سەلەفىيە» دېگەن ھەق چاقىرىقتۇر. ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇش ھەقتۇر شۇنداقلا سەلەفكە مەنسۇپ بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەمەل قىلىش بەرىكەتتۇر، نىجاتلىقتۇر ۋە ئامەتتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختتۇر.

«سەلەفىيە» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىنىش ماختىلىدىغان، توغرا بولغان مەنسۇپلۇقتۇر. بۇنداق سۈپەتلىنىشتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ ئومۇمىي ھالەتتە ئەڭ ياخشىسى بولغان سەلەف سالىھنىڭ يولىنى ئۈلگە ۋە مەنھەج قىلىپ تۇتقان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن مەدھىيە ۋە سانا باردۇر.

ئەمما «سەلەفىيە» دېگەن سۆز مەقسەت قىلىنغان ئېتىقاد ۋە ئەمەلنى ئاشكارا - يوشۇرۇن ھالەتتە روياپقا چىقارماستىن «سەلەفىيە» دېگەن ئىسىم بىلەن سۈپەتلىنىشتە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ناملىنىشتا مەدھىيە ۋە سانا يوقتۇر بەلكى ئۇنداق قىلىش سۆكۈلىدىغان ئىشتۇر ۋە مۇناپىقلىقتۇر چۈنكى ئېتىبارىغا ئېلىنىدىغىنى قانداقتۇر لەۋزىلەر، ئاتالغۇلار ۋە قۇرۇق ئارزۇ قىلىش بولماستىن بەلكى مەنىلەردۇر. «سەلەفىيە» دېگەن — پەقەت ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەلدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

**الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَى وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«الله سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت الله تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 10- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېدى: «﴿وَمَا جَعَلَهُ اللَّهُ إِلَّا بُشْرَى﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — ئى مۇئمىنلەر! **الله تعالى** پەرىشتىلەرنىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئارقىمۇئارقا كېلىشىنى پەقەت سىلەرگە خۇش بېشارەت قىلدى.

﴿وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِ قُلُوبُكُمْ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — قەلبىڭلار پەرىشتىلەرنىڭ كەلگەنلىكى بىلەن خاتىرجەم بولسۇن ئۈچۈن ۋە الله نىڭ سىلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا جەزم قىلىشى ئۈچۈندۇر.

﴿وَمَا النَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — ئى مۇئمىنلەر! دۈشمىنىڭلار ئۈستىدىن الله نىڭ ياردەم بېرىشى بىلەنلا غەلىبە قازىنالايسىلەر، غەلىبە كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار بىلەن كەلمەيدۇ بەلكى الله نىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بولىدۇ چۈنكى ياردەم الله نىڭ قولىدىدۇر، الله تەرەپكە قايتىدۇ. الله بەندىلەردىن خالىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ.

﴿إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى — شەك - شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ياردەم بەرگىنى الله تۇر. الله بەندىلەردىن خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

﴿عَزِيزٌ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى — الله نى ھېچنەرسە باشقۇرالمايدۇ. الله قا ھېچنەرسە غالىب كەلمەيدۇ بەلكى الله ھەر قانداق نەرسىنى باشقۇرىدۇ ۋە ھەر قانداق نەرسىدىن غالىبتۇر چۈنكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر.

﴿حَكِيمٌ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى — ئىشلارنى تەدبىر قىلىشتا ۋە خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىشتە، خالىغان بەندىسىنى ياردەمسىز قويۇشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. الله نىڭ تەدبىرى مۇكەممەلدۇر» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصَّامِتِ رضي الله عنه قَالَ: «بَايَعْنَا رَسُولَ اللَّهِ ﷺ عَلَى السَّمْعِ وَالطَّاعَةِ فِي عُسْرِنَا وَيُسْرِنَا، وَمَنْشَطِنَا وَمَكَارِهِنَا، وَعَلَى أَنْ لَا نُنَازِعَ الْأَمْرَ أَهْلَهُ وَعَلَى أَنْ نَقُولَ بِالْعَدْلِ أَيْنَ كُنَّا، لَا نَخَافُ فِي اللَّهِ لَوْمَةَ لَائِمٍ»** (ن حم).

ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق شارائىتلاردا، (كۆڭلىمىز) ياقتۇرغان ۋە ياقتۇرمىغان ئىشلاردا ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا، ھەر قانداق ئىشنى ئىش ئەھلىدىن تالاشماسلىققا، قەيەردە بولمايلى ئادىل سۆزلەشكە، الله ھەققىدە ھەر قانداق مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت قىلدۇق» دېدى (نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىبنى ئابدۇلبەر مۇنداق دېگەن: [«بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بەردۇق» دېگەن جۈملە مۇجمەل بولۇپ، بۇنى ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه نىڭ سۆزى تەپسىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بەردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە: <تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئىشلاردا> دەيتتى»]. بۇ مەزمۇننى الله تعالى نىڭ سۈرە بەقەرەدىكى ﴿لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾ «الله ھېچ كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ» دېگەن ئايىتى ھەم كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەيئەت بېرىلگەن خەلىپىگە گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ پەقەت ياخشىلىقتىلا بۇيرۇيتتى.

شەك - شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىتائەت ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ» دېگەن. ئالىملار: «يامانلىققا بۇيرۇغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ» دېگەنگە ئىجماغا كەلگەن. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾ «ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھ ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار» (سۈرە مائىدە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئەمما ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه نىڭ «قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق شارائىتلاردا، (كۆڭلىمىز) ياقتۇرغان ۋە ياقتۇرمىغان ئىشلاردا» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى — بىز قادىر بولىدىغان ئىشلاردا بىزگە ئېغىر كەلسىمۇ ياكى ئاسان بولسىمۇ، بىز ياقتۇرىدىغان ئىشلاردا ياكى بىز ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت بەردۇق دېگەن بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه نىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلغان يەنە بىر ھەدىسى كەلگەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئىنسانغا ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ».

ئۇبادە ئىبنى سامىت رضي الله عنه نىڭ: «ھەر قانداق ئىشنى ئىش ئەھلىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت بەردۇق» دېگەن سۆزى بولسا ھوقۇق ۋە ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئەھلىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت بەردۇق دېگەن بولىدۇ (جالالىدىن سۇيۇتىنىڭ نەسائى توپلىغان ھەدىسكە بەرگەن شەرھىيسىدىن ئېلىندى).

ئالىملار «ئىش ئەھلى كىم؟» دېگەن ھەقتە ئىختىلاپلىشىپ، بەزىلەر: «ئىش ئەھلى دېگەن ئادالەتلىك، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان، پەزىلەتلىك، دىندار كىشىلەر بولۇپ، بۇلاردىن ھوقۇق تالاشىلمايدۇ چۈنكى بۇلار ئىشنىڭ ئەھلىدۇر» دېدى.

ئەمما تاجاۋۇزچى، پاسىق، زالىملار ئىش ئەھلى ھېسابلانمايدۇ. الله تعالى نىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دېگەن سۆزىگە قاراڭلار: ﴿وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله ئۇنىڭغا: <سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن> دېدى، ئىبراھىم: <مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ> دېدى. الله: <مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار ۋە پاسىقلار) ئېرىشەلمەيدۇ> دېدى» (سۈرە بەقەرە 124- ئايەت).

بارلىق خاۋارىجلار ۋە بىر تۈركۈم مۇئتەزىلىلەر «زالىم - زوراۋاندىن ئىشنى تارتىۋېلىش توغرا» دەپ قارىدى. ئەمما ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىكىلەر «پەزىلەتلىك، ئادىل، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ كىشىلەرگە ئىمام بولۇشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئىمام ئۇنداق بولمىسا پاسىق (يەنى باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدىغان ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان) ئىمامنىڭ ئىتائىتىگە سەۋر قىلىشى ئۇنىڭغا قارشى چىقىشتىن ياخشىدۇر چۈنكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىش خاتىرجەملىكنىڭ قورقۇنچقا ئايلىنىشىغا، قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە (زېمىندا) بۇزۇقچىلىق ۋە ئۇرۇشنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلار پاسىق ئىمامنىڭ پاسىقلىقىغا سەۋر قىلىشتىن گۇناھ جەھەتتە كاتتىراقتۇر. دىن ۋە ئەقىل، ئۇسۇل - قائىدىلەر <ئىككى زىياننىڭ چوڭراقى تەرك ئېتىلىدۇ> دېگەنلىككە گۇۋاھلىق بەردى. جۈمە، ھېيت نامازلىرىنى تۇرغۇزىدىغان، دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىدىغان، ھەدلەرنى يۈرگۈزىدىغان، خالايىقلارنىڭ بىر - بىرىدىن ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىدىغان، يوللارنى ئەمىن قىلىدىغان ھەر قانداق ئىمامنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىدا ۋە مۇباھ ئىشلىرىدا ئىتائەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ» دېدى.

«مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا بەيئەت بەردۇق» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئالىملار يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان ھەر قانداق كىشىگە ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋاجىب ئىكەنلىكىگە ئىجماغا كەلدى. گەرچە يامانلىقنى ئۆزگەرتىشتە مالامەتتىن باشقا ئەزىيەت كەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىش ۋاجىب. ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا قەلبى بىلەن نارازى بولۇش كېرەك. نەرسە يۈكلەنمەيدۇ.







(بېشى ئالدىنقى ساندا)



(10) «يارا ئادەتتىكىچە ئىكەن، بوغماي تېڭىپ قويساقمۇ قان بىر دەمدىلا توختاپ قالىدۇ» دەپ قان بوغقۇچ ئىشلەتمەسلىكتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. شۇنى ئەستىن چىقارماڭكى، سىز كەسپىي دوختۇر ئەمەس، يارىنىڭ ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كەلمەيدۇ.

ناۋادا قان بوغقۇچنى يۆتكەش جەريانىدا قاناشنىڭ پۈتۈنلەي توختىغانلىقىنى كۆرسەك بوغقۇچنى ئىشلەتمىسەكمۇ مەيلى ئەمما كۆزنى ئۈزمەي دوختۇرغا ئۇلاشقىچە نازارەت قىلىشىمىز، قان بوغقۇچنى تەييار ھالەتتە تۇتۇشىمىز، تاشلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

③ مۇناسىۋەتلىك قىزىل قان تومۇر كۆتۈرۈلمە نۇقتىلىرىنى تەگ سۆڭەككە قىسىش ۋە قان بوغقۇچ بىلەن پۇت - قولنى بوغۇش ئارقىلىق بەدەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تاشقى قان كېتىش توختىغان ياكى ئازايغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنلا دەرھال (ئەلۋەتتە قىسىپ تۇرغان قان تومۇرنى قويۇۋەتمەستىن) يارا ئېغىزنى تاڭىمىز.

يارا ئېغىزنى تېڭىش مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ:

(1) يارا چوڭقۇر ئويمان ھالەتتىلا بولمىسا يارىنىڭ ئۈستىنى قاتلام تېببى داكا ياكى رەڭسىز پاكىز پاختا رەخت بىلەن (قاتلاپ بىر نەچچە قەۋەت قىلىپ تەييارلانغان) يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يۆگەم تېببى داكا، پاكىز پاختا رەخت (ھەر قانداق رەڭدە بولسا بولىۋېرىدۇ) ياكى پاختا بولمىغان مۇۋاپىق، پاكىز، ھەر قانداق بىر يۇمشاق توقۇلما ماتېرىيال (مەسىلەن، لۆڭگە، ياغلىق، كىيىم پارچىسى... ۋاھاكازا) بىلەن بىر نەچچە يۆگەپ تاڭىمىز. ئاندىن قىسىپ تۇرغان قىزىل قان تومۇرنى بەكلا ئاستا - ئاستا قويۇۋېتىمىز. قول - پۇتتىكى يارىغا ناۋادا قان بوغقۇچ ئىشلەتكەن بولساق قىزىل قان تومۇرلارنى شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاستا قويۇۋېتىپ تېڭىق تېڭىشنى باشلايمىز.



(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### ئۈزۈمنىڭ شىپالىق رولى

ئۈزۈمنىڭ قەنت تولۇقلاش، قان كۆپەيتىش، بولجۇڭ گۆشنى چىڭىتىش، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاشقازان ۋە تالغا ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش قاتارلىق رولى بار.

ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدىكى گلۇكوزا، ئورگانىك كىسلاتا، ئامىنو كىسلاتاسى ۋە ۋىتامىنلار چوڭ مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ **(إن شاء الله)**.

ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدىكى گلۇكوزا ۋە كۆپ خىل ۋىتامىن پۈتتىكى ئىششىقنى ياندۇرۇپ، قاندىكى ئاقسىل ماددىسىنى كۆپەيتىدۇ **(إن شاء الله)**.

ئۈزۈمنىڭ تەركىبىدىكى مېۋە كىسلاتاسى ھەزىمنى ياخشىلاپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. جىگەرنى ماي قاپلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۆمۈر ماددىسىنى تولۇقلايدۇ **(إن شاء الله)**.

150 گىرام ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن 100 گىرام نىلۇپەر غولى شىرنىسىگە بىر قوشۇق ھەسەل قوشۇپ، سوۋۇتۇلغان قايناقسۇغا سېلىپ ئىچىپ بەرسە، سۈيدۈك يولللىرى يۇقۇملىنىش، كىچىك تەرەت تېمىپ كېلىش ۋە ئاغرىتىپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ **(إن شاء الله)**.

100 گىرام ياۋا ئۈزۈم پىلىكى بىلەن 50 گىرام كىشمىشنى سۇدا پىشۇرۇپ يەپ بەرسە، رېماتىزىم مەنبەلىك بوغۇم ئاغرىقى ۋە يەللىك ئىششىق، سۈيدۈك ئاز بولۇش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ **(إن شاء الله)**.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**




■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ 5- چوڭ شەھىرى بولغان قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى قۇندۇز شەھىرىنى 10- ئاينىڭ 3- كۈنى الله نىڭ ياردىمى بىلەن فەتھ قىلغاندىن بۇيان كاپىرلار تاھازىرغىچە قۇندۇز شەھىرىگە ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىقىنى توختاتمىغان. مۇرتەد ئارمىيە ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان خەلققە بولغان بومباردىماننى كۈچەيتىپ شەھەر ئىچىدىكى مۇجاھىدلارغا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كەلگەن. الله نىڭ ياردىمى بىلەن مۇجاھىدلار كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ قۇندۇز شەھىرىنى كونترول قىلىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاندا چوڭ جەڭلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى لەشكەرگاھقا، فەراھ ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى فەراھ شەھىرىگە ۋە ئورۇزگان ۋىلايىتىنىڭ ۋىلايەت مەركىزى تىرىنكوت شەھەرلىرىگە ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ مۇرتەدلەرگە قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بەرمەكتە.

■ 10- ئاينىڭ 14- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيەنىڭ ھاما شەھىرىدە 3 ئاي كۆزىتىش ئارقىلىق رۇس، ئىران ۋە بەشار ئەسكەرلىرى كېتىۋاتقان ماشىنا ئەترىتىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر جەھەننەمگە ئۈزۈلگەن. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە 6 نەپەر رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ گېنىرالى ۋە ئىران، بەشار ئارمىيىسى گېنىراللىرىنىڭمۇ بارلىقى بىلدۈرۈلگەن.

■ 10- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ كىسمايو شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فارياب ۋىلايىتى جەھلغەزلى رايونىدا مۇرتەد دوستۇم ئەسكەرلىرىگە قارشى شىددەتلىك جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 5 نەپەر گېنىرالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50 نەپەر دوستۇم ئەسكىرى ئۆلگەن، 100 گە يېقىنى يارىلانغان. 7 دانە تانكا ۋە 2 دانە رېنجىر ۋەيران بولغان. 2 دانە تانكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن قورال - ياراقلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى كەچتە ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىلى سەفلا ۋىلايىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ئەفجۇۋى شەھىرىگە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىدىن كېيىن مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز باستۇرۇپ كىرگەن. نەتىجىدە 6 نەپەر گېنىرالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 50 كە يېقىن ئەسكەر ئۆلۈپ 30 دىن ئارتۇقى يارىلانغان. قالغان ئەسكەرلەر شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر بۇ شەھەر مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرماقتا.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ مارجاھ رايونىدا 27 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى قورال - ياراقلىرى بىلەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 10- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتىدىكى دايىھك رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە مۇجاھىدلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، الله نىڭ ياردىمى بىلەن 3 كۈندىن كېيىن مۇجاھىدلار بۇ مۇرتەدلەرنى چېكىندۈرگەن، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 7 دانە تانكىسى ۋە ئەسكىرىي ماشىنىلىرى ۋەيران بولغان. 15 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە 19 ى يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 23- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ھىران ۋىلايىتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ھىلجان شەھىرىنى كونتروللۇقىغا ئالغان. ئىلگىرى بۇ شەھەرنى ئېفىئوپىيە تاجاۋۇزچى كاپىرلىرى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتە ئەسكىرىي چىقىمنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈۋاتقان كاپىرلار سومالى دۆلىتىدە ئۆزلىرى كونترول قىلىۋاتقان كۆپ قىسىم جايلاردىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولماقتا شۇنداقلا سومالىدىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرمەكتە.

■ 10- ئاينىڭ 24- كۈنى چۈشتىن كېيىن خىتاينىڭ شەنشى ئۆلكىسى فۇگۇ ناھىيىسىدە قاتتىق پارتلاش يۈز بېرىپ 7 خىتاي ئۆلۈپ 94 ى يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 24- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۇرىيەنىڭ ھەلەب شەھىرى سالاھىددىن رايونىدا بەششار كاپىرلىرىغا قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئاز بولغاندىمۇ 20 گە يېقىن شىئە كاپىرلىرى جەھەننەمگە ئۈزۈلگەن.

■ 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ خوست ۋىلايىتىنىڭ سەبرىيو رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تانكىسىنى مىنا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە تانكا ئىچىدىكى 4 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۈزۈلگەن.

■ 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتىگە جايلاشقان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باگرام ھەربىي بازىسىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 2 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان، 12 نەپەر ئەسكىرى ئۆلگەن. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدىلا ئامېرىكا ئارمىيىسى 20 گە يېقىن ئەسكىرىدىن ئايرىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 25- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بەلدۇۋىن شەھىرىگە جايلاشقان جىبۇتى تاجاۋۇزچى كاپىرلىرىنىڭ بازىسىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. دەسلەپكى مەلۇماتلارغا كۆرە 17 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ، 20 دىن ئارتۇقى يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 26- كۈنى ئەتىگەندە ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ باي ۋىلايىتى تىيىقۇلۇ شەھىرىنى فەتھ قىلغان. ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى مۇشۇ 5 ئاي ئىچىدە 10 شەھەرنى فەتھ قىلغان بولۇپ مۇجاھىدلار داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

■ 10- ئاينىڭ 27- كۈنى ئەتىگەندە سۇرىيەنىڭ ھاما ۋىلايىتى سەۋران شەھىرىگە شىئە كاپىرلىرى ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان بولۇپ، مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز بۇ كاپىرلارغا قارشى ئېغىر قوراللار بىلەن جاۋاب قايتۇرغان، نەتىجىدە ئاز بولغاندىمۇ 50 كە يېقىن شىئە كاپىرلىرى جەھەننەمگە ئۈزۈلگەن.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## يامغۇرنىڭ چۈشۈشى

شۇ كېچىدە الله تعالى يامغۇر ياغدۇردى. بۇ يامغۇر مۇشرىكلارغا ئېغىر مۇسىبەت بولدى. يامغۇر ئۇلار تۇرۇۋاتقان جايدا كۆپ ياغقانلىقتىن ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توسۇپ قويدى. يامغۇر مۇسۇلمانلار تۇرۇۋاتقان جايدا سىم - سىم ياغدى. مۇسۇلمانلاردىن غۇسلى ۋاجىب بولغانلار بۇ يامغۇردىن يىغىلغان سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ پاكلاندى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىن شەيتاننىڭ قورقۇنچ سېلىشىدىن ئىبارەت ۋەسۋەسىلىرى كەتكۈزۈۋېتىلدى. يامغۇر ئارقىلىق زېمىن قاتتىق ۋە قۇملار چىڭدالدى. شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىلەش ياخشى بولدى ۋە چېدىر - بارگاھلارنى تىكىش قولاي بولدى، قەلبلەر مۇستەھكەملەندى. بۇ يامغۇر ھەققىدە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا الله تىنچلاندۇرۇش يۈزىسىدىن سىلەرگە ئۈيقۇ بېغىشلىدى. (تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ) پاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، (الله نىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلىپ) كۆڭۈللىرىڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدەملىرىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن الله سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى» (سۈرە ئەنفال 11- ئايەت).

بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كېچىسى (بەدر ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى) سىم - سىم يامغۇر ياغدى، بىز يامغۇردىن دەل - دەرەخلەر ۋە قالقانلار ئارقىلىق پاناھلاندۇق. ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقتى ۋە جىھادقا قىزىقتۇردى».

## ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇننى ئىگەللىشى

بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر قۇدۇقى تەرەپكە ئالدىراپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بىر ئورۇنغا چۈشتى» («البداية والنهاية» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى).

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇنلىرى بىلەن بەدر قۇدۇقىغا مۇشرىكلاردىن ئىلگىرى يېتىپ بېرىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئورۇننى مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن ئىگەللىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ كەچ بولغاندا قۇدۇققا يېقىن بىر ئورۇنغا چۈشتى. شۇ چاغدا ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رضي الله عنه ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئورۇنغا چۈشىشىمىز بىز خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان الله نىڭ ساڭا قىلغان ۋەھيىسىمۇ ياكى ئۆز پىكرىڭ ۋە جەڭ تاكتىكىسىمۇ؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆز رايىم بويىچە بولغان جەڭ تەدبىرى» دېدى. ئاندىن ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رضي الله عنه: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ چۈشۈشكە مۇۋاپىق ئورۇن ئەمەس، قوشۇننى ئېلىپ ماڭغىن، بىز قۇرەيش كاپىرلىرىغا يېقىن بولغان قۇدۇق قېشىغا كېلىپ ئۇ يەرگە ئورۇنلىشايلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆل ياساپ، ئۇ كۆلنى سۇغا توشقۇزۇۋالايلى. ئاندىن قۇدۇقلارنى كۆمۈۋېتىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلساق بىز سۇ ئىچەلەيمىز، ئۇلار سۇ ئىچەلمەيدۇ» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا مەسلىھەت بەردىڭ» دېدى («الرحيق المختوم» دىن ئېلىندى).

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قوشۇننى ئېلىپ ماڭدى ۋە دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن قۇدۇق يېنىغا چۈشتى. ئاندىن مۇجاھىدلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆلچەكلەرنى ياساپ ئۇ كۆلچەكلەرنى سۇ بىلەن توشقۇزۇۋالغاندىن كېيىن قۇدۇقلارنى كۆمۈۋەتتى.

مانا بۇ ۋەقەلىك رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى بىلەن بولغان ھايات كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئاشۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەردىمۇ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى. ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسھابلىرىنى ئەركىن پىكىر قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت توغرا سۆزلۈك ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنالىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەربىر قوماندان يېشى كىچىك بولسىمۇ ئۆز پىكرى بىلەنلا پىكىر قىلمىغانلىقى ھەمدە ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان ئەتراپىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ پىكرى بىلەنلا پىكىر قىلمىغانلىقى بەلكى قوشۇن ئىچىدىكى ئومۇمىي پىكىر ئىگىلىرىنىڭ پىكرى بىلەن پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندا كۆزگە چېلىقمايدىغان، كۆزگە ئىلىنمايدىغان كىشىلەردىنمۇ ئىنتايىن توغرا پىكىر چىقىپ قالاتتى («غزوات الرسول» دىن ئېلىندى).

## قوماندانلىق مەركىزى

مۇسۇلمانلار قۇدۇق بويىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن سەئد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىتا تەييارلىق قىلىش، غەلىبە قازىنىشتىن ئىلگىرى مەغلۇبىيەتنى ئويلاپ قويۇش پرىنسىپى بويىچە مەخسۇس قوماندانلىق مەركىزى قۇرۇش پىكرىنى بېرىپ ئۇ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ساڭا بىر كەپە سېلىپ بېرەيلى، سەن ئۇنىڭدا تۇرغىن، بىز قېشىڭغا ئۇلاغلىرىڭنى تەق قىلىپ قويۇپ ئاندىن دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشايلى، ئەگەر الله بىزنى ئەزىز قىلىپ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرسا بىز ياخشى كۆرگەن ئىش بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا ئۇلاغلىرىڭغا مىنىپ بىزنىڭ كەينىمىزدە قېلىپ قالغان قەۋملىرىمىزگە قېتىلىۋالىسەن. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ھەقىقەتەن مەدىنىدە سېنى بىزدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر قېلىپ قالدى، ئۇلار ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا سەندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتى. الله ئۇلار ئارقىلىق سېنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلار ساڭا كۆيۈنىدۇ ۋە سەن بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئد رضي الله عنه نى ماختىدى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىپ تۇرالايدىغان دۆڭگە كەپە بىنا قىلدى، ئاندىن سەئد ئىبنى مۇئاز رضي الله عنه نىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ئەنسارى ياشلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن قوماندانلىق مەركىزى ئەتراپىدا مۇھاپىزەتتە تۇردى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)





# سۇرىيە جىھادى ۋە شىئەلەر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

خۇلاسە شۇكى، شىئەلەرنىڭ زەيدىيەلەردىن باشقىلىرى كاپىرلاردۇر ئەمما رافىزىيلارنىڭ ئۆلىمالار باشچىلىقىدىكى تائىپىسى كاپىردۇر («مىنھاجۇسسۇننە» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى). ئەگەشكۈچىلىرى توغرىسىدا ئالىملار ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىغا ئىتتىپاقلا كەلگەن ئەمما كاپىرلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان (ئابدۇررازاق ئەففى، ئابدۇللاھ غەدىيان، ئابدۇللاھ قەئۇد قاتارلىق ئالىملارنىڭ پەتۋاسىدىن ئېلىندى). كۈچلۈك كۆز قاراش شۇكى، ئۇلار ئۆلىمالىرى سۆزلىگەن ئوچۇق كۇفرى سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلمىغۇچە ئۇلار كاپىر دېيىلمەيدۇ (شىئەشۇناس ئالىم شەيخ ئوسمان خەمىس ئۇستازى مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىندىن نەقىل قىلغان)، ئەگەر ئۇلار ئەھلى سۈننەتكە قارشى جەڭ سېپىدە بولسا تائىپىنىڭ ھۆكمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ ھەق بىلەن باتىلنى، ھىدايەت بىلەن ئازغۇنلۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتكەن؛ مۆئمىنلەر تۇتقان يولنى تۇتماي، ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلام ئۈممىتىگە ۋابا بولۇپ كېلىۋاتقان زىيانلىق، سىياسىي تائىپىدۇر.

ھازىر دۇنيادا مۇسۇلمان دەپ ئاتالغانلارنىڭ 90% ى سۈننىي بولسا قالغىنى شىئە، خاۋارىج ۋە ئىبازىيلار (خاۋارىج تائىپىلىرىدىن بىرى)دۇر. ئەمەلىي رېئاللىققا نەزەر سالىدىغان بولساق، شىئەلەرنىڭ پىتنىسى ئويغاق ۋە يالقۇنلاپ تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ تەسىرى كۆپلىگەن ئىسلام دىيارلىرىدا قاينىماقتا. مەسىلەن، ئىراق ۋە سۇرىيىدە ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى شىئەلەر تەرىپىدىن ھەقسىز تۆكۈلمەكتە. مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھازىرقى دەۋر ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلىرىغا شىئەلەرنىڭ بەش تۈرلۈك خەتىرىنى چۈشەندۈرسەك كۇپايە:

① شىئەلەر ساھابىلەرگە توختىماي ھاقارەت قىلماقتا؛ ساھابىلەرگە ھاقارەت قىلىش شىئەلەرنىڭ نەزىرىدە دىنىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغان. ساھابىلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رضي الله عنهم لارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا شىئەلەرنىڭ ئوغىسى قاينايدۇ. شىئەلەرنىڭ ساھابىلەرگە قىلغان جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلىش دىنىنىڭ ئاساسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. ساھابىلەرنى تىللىغانلىق ئەمەلىيەتتە بىۋاستە ئىسلامغا قىلىنغان تەنىدىن ئىبارەت چۈنكى بىز دىنىنى مۇشۇ ساھابىلەردىن مىراس ئالدۇق. ئەگەر ساھابىلەرنىڭ ئەخلاقى، نىيەتلىرى ۋە ئەمەللىرى توغرىسىدا شەك - گۇمانلار تاشلانسا، قۇرئان ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىس - كۆرسەتمىلىرى شەكلىك بولۇپ قالىدۇ (الله ساقلىسۇن). قۇرئاننى بىزگە يەتكۈزگەنلەر ساھابىلەر ئەمەسمۇ؟! قۇرئاننى پارچە ماتېرىياللاردىن دەسلەپتە توپلاپ چىققان ساھابە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رضي الله عنه ئەمەسمۇ؟! رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر مېنىڭ يولۇمنى ۋە مەندىن كېيىن توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ يولىنى تۇتۇپ مېڭىڭلار» (تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان) دەپ كۆرسەتمە بەرمىدىمۇ؟!

دېمەك، تۆت خەلىپىنىڭ يولى ئىسلام دىنىنىڭ پارچىلانماس بىر قىسمى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رضي الله عنهم لار چىقارغان ھۆكۈملەر قىيامەتكىچە ھەر ۋاقىت ۋە ھەر ئورۇندىكى مۇسۇلمانلارغا ھۆججەتتۇر. قانداقمۇ بۇ ساھابىلەرنى تىللاشنى قوبۇل قىلغىلى بولسۇن؟!

② شىئەلەر ئىسلام دۇنياسىدا شىئەلەشتۈرۈش ئەقىدىسىنى قوللانماقتا؛ شىئەلەشتۈرۈش — شىئەلەر ياشاپ كېلىۋاتقان ئىران، ئىراق ۋە لىۋان بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، ھازىر بەھرەين، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سۇرىيە، ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە باشقا ئەللەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا. كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى شىئە دەپ ئويلىماي تۇرۇپمۇ، شىئەلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلماقتا. شىئەلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن سوپىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپ. سوپىزم ئېقىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى شىئەنىڭ بەزى پرىنسىپلىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ قالىدۇ، شۇڭا سوپىزم تارقالغان يۇرتلاردا شىئە ئېقىمىنىڭ تارقىلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى كۈچلۈك.

③ پەقەت 2003- يىلدىن تارتىپ 2006- يىلغىچە ئىراقتىكى 150 مىڭدىن ئارتۇق ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمان ئىراق ۋە ئىران شىئەلىرىنىڭ قولى بىلەن شەھىد قىلىنغان. ئىراقتا سۈننىي مۇسۇلمانلارنى پەقەت سۈننىي بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرىدىغان ئىش شىئەلەر تەرىپىدىن تەكرار يۈز بەرمەكتە. شىئەلەر «ئەھلى سۈننىي»نى دۈشمەن دەپ قارايدۇ، مەسىلەن، ھۇمەينى مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى سۈننىلەرنى دۈشمەن قاتارىغا كىرگۈزۈش كۈچلۈك كۆز قاراش، ئۇلاردىن قولغا كەلگەن غەنىيمەت مۇباھ، بەلكى قەيەردە بولسا ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالسا دۇرۇس» (ھۇمەينى: «ۋاستىنى ئېنىقلاش» 1- توم 352- بەت).

شىئەلەرنىڭ شەيتان موللىسى سىستانى ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلغان ۋە ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ھالال قىلغان.

④ ئىران شىئەلىرى ئىراقنى شىئەلەشتۈرۈپ ھەر قايسى تەرەپتىن ئەھلى سۈننىلەرنى سىقىۋاتىدۇ. ئەھلى سۈننىلەرنى چەتئەلگە ھىجرەت قىلىشقا قىستاپ، شىئە دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە. غەرب كۈچلىرى بۇ يۈزلىنىشنى ئەلۋەتتە قوللايدۇ ھەم قوللاپ كەلمەكتە.

⑤ ئىران شىئەلىرى ئەتراپىدىكى ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە بەھرەين قاتارلىق ئەھلى سۈننىي ئەللىرىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. دېمەك، شىئەلەرنىڭ خەترى بۈگۈندىن چوڭ. تارىخقا نەزەر تاشلىساق بۇلارنىڭ خەترى تېخىمۇ ئېنىق نامايەن بولىدۇ. مەسىلەن، شىئەلەرنىڭ بۇۋەيھىيە دۆلىتى (م933-1066) خرىستىئان بىزانتىنىيە دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش قىلماي، ئابباسىيە خەلىپىلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان.

تارىختا «پاتىمىيە» دەپ ئاتالغان «ئۇبەيدىيۇن» ئىسمائىلىيە شىئەلىرى (مىلادىيە 926- يىلى) مىسىرنى 200 يىل بېسىۋالغان. خرىستىئانلار سۇرىيە ۋە پەلەستىنگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە خرىستىئانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي، مۇشۇ رايونلاردىكى سۈننىي سەلجۇقىلارغا قارشى خرىستىئانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلغان. شىئەلەرنىڭ سەپەۋى دۆلىتى (م1502-1722) فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلماي، سۈننىي ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان. سەپەۋى شىئەلىرى سۈننىي ئىران زېمىنىنى شىئە زېمىنىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، قالغىنىنى ھازىرقى ئىران شىئەلىرى تاماملىغان. شىئە ئىران دۆلىتى ئاتېئىزمچى رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلماي، ئىراق بىلەن 8 يىل ئۇرۇش قىلغان. شىئەلەر كۈچەيگەن ھامان ئەھلى سۈننىگە بېسىم ۋە زۇلۇم قىلىپ كەلگەن. دېمەك، مۇشۇ تارىخلارغا نەزەر سالساق، ئىران يەھۇدىي ياكى ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشقا ھەرگىزمۇ كىرمەيدۇ. ئۆزى ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالسا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن. ئەھمەد نىجاتنىڭ ئىراقنى ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا زىيارەت قىلغانلىقى ئامېرىكا بىلەن ئىران ئالاقىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتە ئەسكەرلىرىنى داۋاملىق تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىراندىن ئىبارەت «كوزىر»غا مۇھتاج.

سۇرىيىدە بولسا 40 يىلنىڭ مابەينىدە پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلىپ ۋە ئەلى رضي الله عنه نى الله نىڭ ئۆزى شۇ دېيىدىغان نۇسەيرىيلەرگە تەۋە «ئەلەۋىي» دەپ ئاتالغان شىئەلەر سۇرىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. گەرچە سۇرىيەدىكى نۇسەيرىيە شىئەلىرى 10% نى تەشكىل قىلمايدىغان بولسىمۇ، ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىران، ئىراق، سۇرىيە ۋە لىۋان شىئەلىرى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شەرقىنى غەربىدىن ئايرىۋېتىدىغان خەتەرلىك توسالغۇ بولماقتا.

سۈننىي ئىسلام دۇنياسىدا شىئەلەرنىڭ داھىيسى ھەسەن نەسرۇللاھ بىلەن ئىراننىڭ سابىق رەئىسى ئەھمەد نىجاتنىڭ يالتىراق سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىش پىتنىسىگە ئۇچراش ئەھۋالى مەۋجۇد. بۇ ئىككى شىئەنىڭ ئۆز مەسىلىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى سۈننىي مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن پىتنە پەيدا قىلماقتا. بۇ يەردە سۈننىي مۇسۇلمانلارغا شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، شىئەلەرنىڭ بىرەر مەسىلىسىدە

(ئاخىرى 3- بەتتە)





(بېشى 2- بەتتە)

غەلىبە قىلغانلىقى ئەقىدىسىنىڭ ساغلاملىقى ۋە تۇتقان يولىنىڭ توغرىلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. نىجىس «ئۇبەيدىيۇن» دۆلىتىنىڭ ئىران ۋە «ھىزبۇللات» شىئەلىرىدىن نەچچە ئون ھەسسە ئۇتۇق قازانغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ئىسمائىل سەفەۋى ئىراندا (م1502-1524) كۈچلۈك دۆلەت تىكلەپ، ئۇنى ئىدارە ۋە تەشكىللەش جەھەتتىن ھەيران قالارلىق شەكىلدە قۇرۇپ چىقتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىرى مۇكەممەللەشكەندە نېمە ئىش قىلدى؟ بۇ دۆلەت ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە ئارقا تەرەپتىن خەنجەر سانجىمىدىمۇ؟! ئىراقلىقلارنى شىئەلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلىمىدىمۇ؟! ئەھلى سۈننىي ئوسمانىيلار خىلاپىتىگە قارشى پورتۇگالىيە بىلەن بىرلەشمىدىمۇ؟!

ئىراندا ياشاۋاتقان 20 مىليوندىن ئارتۇق ئەھلى سۈننىي مۇسۇلماننى كىم ھىمايە قىلىدۇ؟ ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا مىليون سۈننىي مۇسۇلمان بىر سۈننىي مەسجىد سېلىش ئۈچۈن كورەش قىلماقتا ئەمما بۇلار ھازىرغىچە رۇخسەتكە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەھلى سۈننىنىڭ مەسجىدلىرى ۋەيران قىلىنماقتا. مەسىلەن، 1994- يىلى شىئەلەر خۇراساندىكى شەيخ پەيزىنىڭ مەسجىدىنى، ئاندىن بېلۇجىستاندىكى چوڭ مەسجىدنى ئىچىگە كىرىۋالغان 200 سۈننىي ياش بىلەن بىللە ئۆرۈپ تاشلىغان.

ئىراندىكى 20 مىليون ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمان، مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئەھلى سۈننىنىڭ ئەقىدىسى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ بەلكى شىئەلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە بىدئەتلىرىدىن ئىبارەت. ئىراندىكى ئەھلى سۈننىنىڭ كۈنى بەك تەس، ئىراقتىكى ئەھلى سۈننىنىڭ كۈنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە تەس. كىم تەرىپىدىن؟ ئازغۇن شىئەلەر تەرىپىدىن... مۇشۇنداق خەتەرلەر تۇرسا شىئەلەردىن ئاگاھلاندۇرماي تاشلاپ قويساق ھېكمەتكە ئۇيغۇن ئىش بولارمۇ؟

الله ئىسلام ئۈممىتىنى ھەر قانداق يامانلىقتىن ھىمايە قىلغاي، يولىنى توغرا يول بىلەن نۇرلاندۇرۇپ بەرگەي، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىززەت - شەرەپ ئاتا قىلغاي، ئامىن!

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى
# بىلىۋېلىڭ-ئىلىۋېلىڭ

## ئەنجۈر (تِيْنٌ)

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئەنجۈر بولمىغانلىقى ئۈچۈن (بولۇپمۇ مەدىنىدە) ھەدىسلەردە ئۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ئەنجۈرنىڭ تۇپرىقى خورمىنىڭ تۇپرىقىغا ماس كەلمەيدۇ لېكىن ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە پايدىلىرى كۆپ بولغاچقا الله تعالى ئۆز كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلدى.

ئۇ ئىسسىق، ھۆللۈكى ياكى قۇرۇقلۇقى ھەققىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوستى پىشىپ ئاقارغىنىدۇر. ئۇ دوۋساق ۋە بۆرەكتىكى تاشنى ھەيدەيدۇ، زەھەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئەنجۈرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇ گال، كۆكرەك ۋە نەپەس يوللىرىنىڭ يېرىكلىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، جىگەر ۋە تالنى تازىلايدۇ. ئاشقازاندىكى بەلغەم خىلتلىرىنى تازىلايدۇ. بەدەنگە ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ بىراق كۆپ يېۋالسا پىت پەيدا قىلىدۇ.

ئەنجۈر قېقىمۇ ئوزۇقلۇق بولىدۇ ۋە نېرۋىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئەنجۈرنى ياڭاق ۋە بادام بىلەن يېگەن ياخشى. جالىنۇس مۇنداق دېگەن: «زەھەرلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنجۈرنى سۇزاپ① ۋە ياڭاق بىلەن يېسە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ ۋە زەھەردىن ساقلايدۇ».

ئەبۇ دەردا رضي الله عنه نىڭ بايانىچە: «پەيغەمبەر ﷺ گە بىر لېگەن ئەنجۈر سوۋغا قىلىنغاندا ئۇ: <ئەنجۈردىن يەڭلار> دېگەن ۋە ئۆزىمۇ يېگەن. ئاندىن: <ئەگەر جەننەتتىن بىر مېۋە چۈشتى دېيىلسە، مەن ئەنجۈر دەيتتىم چۈنكى جەننەت مېۋىلىرى ئۇرۇقسىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەڭلار چۈنكى ئۇ بوۋاسىر (گېمروي)نى يوقىتىپ، بۇغۇم ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ>».

پوستىدىن گۆشى ياخشى، ئۇ قىزىپ كەتكەنلەرنى ئۇسسىتىدۇ، تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئاستا خاراكتېرلىك يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ، سىيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، جىگەر ۋە تالدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. دوۋساق ۋە بۆرەككە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەنجۈرنى ناشتا قىلماي يېسە غىزا يوللىرىنى ئېچىشتا ئاجايىپ پايدىلىق، بولۇپمۇ ياڭاق ۋە بادام بىلەن. ئۇنى قاتتىق يېمەكلىك بىلەن يېيىش ناچاردۇر.

ئاق ئۈجمە ئەنجۈرگە ئوخشاپ كېتىدۇ لېكىن ئاق ئۈجمە ئوزۇقلۇق جەھەتتە ئەنجۈرگە يەتمەيدۇ بەلكى ئاشقازانغا زىيانلىقتۇر.

---

ئىزاھات: ① سۇزاپ — سۇزاپ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ پەيسمان يېرىلىدۇ، يېرىلغان ياپراقچىلىرى سوقىچاق كېلىدۇ. گۈلى سېرىق، غوزىلىق مېۋە تۈگىدۇ. پۈتۈن تېنى خۇشبۇي پۇرايدۇ. ئادەتتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەددىنى چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە.





# قان بىلەن يېزىلغان سۆزلەر

(12)

«الله نىڭ سۆزى ئۈستۈن بولۇپ دىيارىمىزدا ئۇلۇغ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە ئازار يەتكۈزىدىغان ھېچنەرسە مەيدانغا چىقمايدىغان بولغۇچە مال - مۈلكىمىزنى ۋە جېنىمىز - قېنىمىزنى قۇربان قىلىشىمىز ئۈستىمىزگە شەكسىز پەرزدۇر» (ئىبنى تەيمىيە رحمه الله نىڭ «سۇغۇرۇلغان قىلىچ» ناملىق كىتابىدىن).

الله تعالى بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇڭلار» (سۈرە ئەنفال 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

دىن دېگەن — بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر دىنىنىڭ بىر قىسمى الله قا، بىر قىسمى الله تىن باشقىغا بولۇپ قالسا دىن پۈتۈنلەي الله قا بولغانغا قەدەر ئۇرۇشۇش پەرزدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ الله مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆئمىن بولساڭلار، الله نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ...».

بۇ ئايەت تائىف خەلقىگە قارىتا ئۇلار ئىسلامغا كىرىپ نامازنى مۇقىم ئادا قىلىدىغان، روزا - رامىزاننى تۇتىدىغان بولغان بولسىمۇ جازانە قىلىشنى تاشلىغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن چۈشكەن.

الله تعالى بۇ ئايەتتە ئەگەر ئۇلار جازانە قىلىشنى تاشلىمىسا بۇنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى جەڭ قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. جازانە بولسا الله ئەڭ ئاخىرىدا ھارام قىلغان نەرسە بولۇپ ئۇ ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئېلىنىدىغان مالدىن ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئاشۇلار الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى جەڭ قىلغان ھېسابلىنىپ ئۇلارغا قارشى جىھاد پەرز بولغان يەردە ئىسلامنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى بەلكى كۆپ قىسمىنى تاشلاپ قويغان كىشىلەر قانداق بولماقچى... (پەتۋالار مەجمۇئەسىدىن).

— شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله

(13)

بىرلىك ئېلان قىلىنغان كۈن الله نىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئالاھىدە خاتىرىلەشكە تېگىشلىك بىر كۈن بولغان ئىدى. مەن شۇ كۈنى سۆزلىگەن نۇتقۇمنى ئۇنىڭ تېكىستى بويىچە ئەمەس مەزمۇنى بويىچىلا ئەسلەپ ئۆتىمەن. الله شەيخ ئۇسامىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالسۇن! مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن ئىدىم: «بىز سىلىگە بەيئەت قىلغىلى كەلدۇق، مانا قوللىرىمىزنى سىلىگە سۇنۇپ تۇرۇپتىمىز. سىلىگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ قوللار — الله يولىدا جېنىنى بېرىپ بولغان، قەبرىسىنىمۇ قالدۇرۇشنى ئويلىمايدىغان جەسەتلەر؛ سولانغان تۈرمىلىرى ئېنىقسىز، نام-نىشانسىز يوقۇلۇشقا پەرۋا قىلمايدىغان ئەسىرلەر؛ بالا-چاقىلىرىنىڭ پىراقىنى ئۇنتۇتقان پەرىيادچىلار؛ ئەرلىرىنىڭ قەيەرلەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تۇللار؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىز-دېرىكىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن يېتىملەرنىڭ قوللىرىدۇر. بۇلار بىز بىلەن بىرگە سىلىگە بەيئەت قىلغىلى كەلدى، ئۇلار سىلىدىن پايدا-غەنىيمەت ئىزدىمەيدۇ، ئۇلار پەقەت زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىدۇ.

بىزنىڭ سىلىگە ئېلىپ كەلگەن غەم-غۇسسىمىزدىن باشقا ھېچنەرسىمىز يوق، ھېچنەرسىگە ئىگە ئەمەسمىز. بىز مەنسەپ ياكى غەنىيمەت تەلەپ قىلمايمىز، بىز پەقەت الله يولىدا جەڭ قىلىپ شەھىد بولۇشنى ياكى نۇسرەت قازىنىشنى ئويلايمىز.

— دوكتۇر ئەيمەن زاۋاھىرى (الله ھىمايە قىلسۇن!)نىڭ «پەيغەمبەر ﷺ بايرىقى ئاستىدىكى چەۋەندازلار» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.




## پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى

ساھابىلەردىن رافى رضي الله عنه بالىلىق دەۋرىدە بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك ۋاقتىمدا شوخلۇق قىلىپ خورما دەرەخلىرىگە تاش ئاتاتتىم. بىر كۈنى باغنىڭ ئىگىسى مېنى تۇتۇۋېلىپ جازالاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن:

— بالام، نېمىشقا خورما دەرىخىگە تاش ئاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا تاش ئاتتىم، — دېدىم. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ: <بۇنىڭدىن كېيىن خورما دەرىخىگە تاش ئاتما! خورما دەرىخىنىڭ ئاستىغا چۈشكەن خورمىلىرىدىن يېگىن، الله سېنى تويدۇرسۇن!> دېگەندىن كېيىن بېشىمنى سىلاپ: <ئاللاھىم! ئۇنىڭ قارنىنى تويدۇرغىن> دەپ ماڭا دۇئا قىلدى» (تىرمىزى 1288- ھەدىس).

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| اَخْتَانٌ | كۈيئوغۇللار | اَخْتَانُ عارفٍ اَغْنِياءُ | ئارىفنىڭ كۈيئوغۇللىرى باي |
| كَنَّةٌ | كېلىن | كَنَّةُ ظَرِيْفٍ فَقِيْرَةٌ | زەرىفنىڭ كېلىنى كەمبەغەل |
| كَنَّاتٌ | كېلىنلەر | كَنَّاتُ ظَرِيْفٍ فَقِيْرَاتٌ | زەرىفنىڭ كېلىنلىرى كەمبەغەل |
| اُسْتَاذٌ | ئۇستاز | اُسْتَاذُ هَذَا التِّلْمِيْذِ | بۇ شاگىرتنىڭ ئۇستازى |
| اَسَاتِيْذُ | ئۇستازلار | اَسَاتِيْذُ هَؤُلَاءِ التَّلَامِيْذِ | بۇ شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلىرى |
| تِلْمِيْذٌ | شاگىرت | تِلْمِيْذُ ذَاكَ الأُسْتَاذِ | ئاۋۇ ئۇستازنىڭ شاگىرتى |
| تَلَامِيْذُ | شاگىرتلار | تَلَامِيْذُ أُولَئِكَ الأَسَاتِيْذِ | ئاۋۇ ئۇستازلارنىڭ شاگىرتلىرى |
| طَبِيْبٌ | تېۋىپ | اَبُو هَذَا الرَّجُلِ طَبِيْبٌ | بۇ ئەرنىڭ دادىسى تېۋىپ |
| أَطِبَّاءُ | تېۋىپلار | اَبَاؤُ هَؤُلَاءِ الرِّجَالُ أَطِبَّاءُ | بۇ ئەرلەرنىڭ دادىلىرى تېۋىپ |
| تَاجِرٌ | سودىگەر | عَدُوُّ ذَاكَ التَّاجِرِ صَانِعٌ | ئاۋۇ سودىگەرنىڭ دۈشمىنى ھۈنەرۋەن |
| تُجَّارٌ | سودىگەرلەر | أُولَئِكَ التُّجَّارُ اَغْنِيَاءُ | ئاۋۇ سودىگەرلەر باي |
| صَانِعٌ | ھۈنەرۋەن | هَذَا الصَّانِعُ فَقِيْرٌ | بۇ ھۈنەرۋەن كەمبەغەل |